يۇسۇف ئىسلام

# ناخشىچىلىقتىن دەۋەتچىلىككىچە

# من مغني إلى داعية

www.munber.org



## تەشەببۇسنامە

ئۆزىمىزدىن ھېساب ئېلىش تەشەببۇسى... كۈنلەر ئۆتۈۋاتىدۇ، نام ـ ئەمەل دەپتىرىمىز قاتلىنىۋاتىدۇ، يىللار بىر ـ بىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ، ھەر بىر كىشى ھېساب ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ، ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىدىن ساۋاق ۋە ئىبرەت تاپالايدۇ. مانا، يىلنىڭ باشلىنىشى ياكى ئاينىڭ كىرىشى ياكى ھېيت كۈنىنىڭ بولىشىدىن باشقا كۈنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۈنلىرىمىز سەزمىگەن ياكى بىلمىگەن ھالدا تاقلاپ كېتىپ بارماقتا.

ھازىرقى ئەڭ چوڭ سوئال: ئاخىرقى سەپىرىمىزگە قانداق تەييارلىق قىلدۇق؟ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھوزۇرىنى كۆرىدىغان قانداق ياخشى ئەمەللەرنى تەقدىم ئەتتۇق؟ نام ـ ئەمەل دەپتىرىمىزگە نېملەر خاتىرلەندى؟ كەلگۈسىدە ياتىدىغان ئورەككە نېملەرنى تەييارلىدۇق؟ دىگەنلەردىن ئىبارەت.

بۈگۈن ئۆلۈمنى، قەبرىنى ئەسلىدۇقمۇ؟ قۇرئان ئوقۇدۇقمۇ؟ ھەر نامازنىڭ كەينىدە تەھلىل ـ تەسبىھلەرنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇقمۇ؟ نامازدا ئىخلاسمەن بولدۇقمۇ؟ ئاللاھدىن جەننەتنى تىلىدىقمۇ؟ ئاللاھقا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھلاندۇقمۇ؟

بۈگۈن گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدۇقمۇ؟

ئاللاھنى نارازى قىلىدىغان ھەر قانداق ئىشتىن يىراق بولدۇقمۇ؟ يامان ھەمراھلاردىن يىراق بولۇش توغرىسىدا ئويلىنىپ باقتۇقمۇ؟ قەلبىمىزنى ھاكاۋۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئاداۋەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەردىن، تىلىمىزنى غەيۋەت قىلىش، سۇخەنچىلىك قىلىش، يالغان ئېيتىش قاتارلىق ئىللەتلەردىن پاكلىدۇقمۇ؟ ئاللاھ قاراشنى ھارام قىلغان شەيئى ۋە ئادەملەرگە قاراشنى تاشلىدۇقمۇ؟ ئاللاھ ئاڭلاشنى ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ئاڭلاشنى تاشلىدۇقمۇ؟ ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ياماندىن ئىشلاردىن ياندۇقمۇ؟ دىنىمىزغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قىممەت - ئەرزان ھەرقانداق نەرسىمىزنى تەقدىم قىلدۇقمۇ؟...

يۇقىرىقىلار بولسا، ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشى ۋە ئەڭ ئاخىرقى سەپىرى ئۈچۈن ئوزۇق تەييارلىشىغا قارىتىلغان سەممىي ئىلتىماستۇر.

www.munber.org





بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇسانا پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا ھەمدۇ - سانا ئېيتىمىز. ئۇنىڭدىن ياردەم سورايمىز، ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمىز. ئۇ ئارقىلىق كۆڭۈللىرىمىزنىڭ ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىنىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچقانداق ئادەم ئازدۇرالمايدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچقانداق ئادەم ھىدايەت قىلالمايدۇ. بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ شېرىكى يوقلىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىمەن .

كات سىتېۋىنس (يۇسۇپ ئىسلام) نىڭ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ھېكايىسى، ئىش - ئىزلىرى، پرىنسىپچانلىقى، سۆزلىرى، پائالىيەتلىرى، ئىسلام تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ھەققەتەن تەسىرلىك ۋە ئىنتايىن ئىلھامبەخش بولۇپ، ئاللاھتىن بىزلەرگە ۋە ئۇنىڭغا ھەققەت ۋە ئاللاھتىن رازى بولىدىغان ئىشلاردا چىڭ تۇرۇشنى ئاتا قىلىشنى تىلەيمىز.

بۇ كىشىنىڭ ئۇلۇغ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە دىنى

www.munber.org

ئـەھكاملارنى ئىجـرا قىلـىش، دىـن ۋە ئۇنـىڭ تـەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلـىش، دىنـنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ئۈلگە بولـۇش ۋە بۇنـىڭ ئۈچـۈن قۇربـان بېـرىش خاھىشـى ئومۇمـيۈزلۈك سۇسلىشـىپ قالغـان ھـازىرقى دەۋىـردە، بـۇ ئۇلـۇغ گـۇۋاھچى، ئاجـايىپ ئـابىدىنى مۇسـۇلمانلارغا تونۇشتۇرۇشـتا بىرقانچـە رىسالە ئەمەس، بـەلكى بىرقانچە كىتاب بېسىش تولىمۇ زۆرۈر. ئۇنـىڭ سۆزلىرى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا تېگىشلىك.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ مَن يَرْتَدَّ مِنكُمْ عَن دِينِهِ فَسَوْفَ يَأْتِي اللّهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ يَخَافُونَ لَوْمَةَ لآئِمٍ ذَلِكَ فَضْلُ اللّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَاء وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، (ئاللاھ) ئۇنى (بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىگە بېرىدۇ، (ئاللاھنىڭ) پەزلى كەڭدۇر، (ئاللاھ) ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾[1]







[1] سۈرە مائىدە: 53 ـ 54 ـ ئايەتلەر.



www.munber.org
www.munber.org

## ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھاياتى ۋە مۇسۇلمان بولغانلىق ھېكايىسى[1]

مەن لوندوندا بىر گېرمانىيىلىك دادا بىلەن شۋېتسارىيىلىك ئانىدىن دۇنياغا كەلدىم. گەرچە ئىقتىسادى ئەھۋالىمىز ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، مەن ئىسلام دىنىدىن مۇتلەق مەلۇماتى بولمىغان كاتولىك دىنى مەكتىپىدە كىرىپ ئوقۇدۇم. خىرىستىئان دىنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى پەيغەمبەر يوق، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ قارايتتى. بىزنىڭ مەكتەپلەردە ئۆگەنگەنلىرىمىز شۇ بولغاچقا خىرىستىئان دىنىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بۇ مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلمىدۇق.

گەرچە مەن ئۆگەنگەن دەرسلەر ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، مەن كىچىكىمدىن باشلاپلا تالانتلىق بولۇپ، ئاللاھ ماڭا ئادەتتىن تاشقىرى ئىقتىدارنى بەرگەنىكەن. مەن **9** ياشقا كىرگەن چېغىمدىلا ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، گەرچە خىجىلچان بولۇپ يالغۇز يۈرۈشنى خالىسامۇ، ئەتراپىمدىكىلەرنى خۇشال قىلاتتىم. لېكىن مەن بىر سەنئەتكار



www.munber.org



بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن رەسىم سىزىشقا كىرىشتىم. **15** ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا مۇزىكىغا قىزىقىپ قالدىم. دادام مەندىكى بۇ قىزىقىشنى كۆرۈپ، كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغىنىمدىن كېيىن ماڭا بىر گىتتار ئېلىپ بەردى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەن مۇزىكىدا كۆپ ئىلگىرلەپ شېئىر يېزىپ ئۇنى ئۆزۈم ئاھاڭغا سېلىشقا ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدىم. **17** ياشقا كىرگەن يىلى تۇنجى ناخشا پىلاستىنكامنى ئۆزۈمنىڭ نامىدا بازارغا سالدىم. پىلاستىنكام بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن تېزلا كەڭ تارقىلىپ تەڭداشسىز ئالقىشقا ئېرىشتى. شۇندىن كېيىن نامىم چىقىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ نۇرغۇن پۇل - بايلىققا ئىگە بولۇپ قالدىم. ئەيشى ئىشرەت ۋە ھاراق، ئاياللاردىن ئىبارەت ئەرزىمەس خۇشاللىقلارغا بېرىلىشكە باشلىدىم. ئاخىرى، تۇبېركىليۇز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. مەن دوختۇرخانىدا كېسەل كارۋىتىدا يېتىش جەريانىدا روھى جەھەتتىن ئىزدىنىپ ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ئىلاھى مۆجىزىلەر توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، تېنىمنىڭ پەقەت بىر ماددى شەيئى بولۇپ يوقىلىدىغانلىقىنى، دۇنيا ھاياتلىقىنىڭ بىزلەر ئۈچۈن بىر خىل ئىمتىھان پۇرسىتى بولۇپ ئۇنىڭمۇ چوقۇم يوقىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

دوستلىرىمنىڭ بىرى مەندىكى بۇ جىددىيلىكنى كۆرۈپ ماڭا «تىلسىمات يولى» دىگەن كىتابنى سوۋغا قىلدى. ئۇ روھ ۋە مەنىۋىيەت توغرىسىدا يېزىلغان كىتاب بولۇپ، مەن ئوقۇغان



www.munber.org

شۇ تۇردىكى كىتابلارنىڭ تۈنجىسى ئىدى. ھەر ھالدا ئۇنىڭ مېنىڭ ئاخىرەت ھاياتىنى چۈشۈنۈشىمگە پايدىسى بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئىزدىنىشكە ۋە پەلسەپە، دىن ھەققىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم. تەدرىجى ھالدا قاراڭغۇلۇقتىن چىقتىم. بارغانسېرى سوئاللىرىم كۆپىيىشكە ۋە چوڭقۇرلىششقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ناخشىلىرىمدا ئەكس ئېتىپ، مەنىۋىيلىكى، ھەقىقانىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ناخشىلارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ ئېيتتىم. شۇ چاغدا نەشىر قىلدۇرغان پىلاستىنكىلىرىمنىڭ ھەممىسى مەلۇم بىر نىشان ئۈچۈن بازارغا سېلىنغان ئىدى.

مەن بۇددا دىنى ۋە باشقا دىنلار توغرىسىدا كۆپ ماتىرىياللارنى ئوقۇغان بولسامۇ، ھېچقايسىدىن قانائەتلەنمەي باشقا دىنلاردىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ ئۆزۈم ئۈچۈن ئايرىم بىر دىننى ئىجاد قىلماقچى بولدۇم!

ئۆزگىچە مەناغا ئىگە بولغان ناخشىلىرىم كۆپ ئالقىشقا ئېرىشتى. بۇلۇپمۇ مۇزىكا ۋە ئۇرۇنلاش جەھەتتە ماددىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغان ئامېرىكا خەلقىنى ھەيران قالدۇرۇپ ئابرۇيۇم ھەسسىلەپ ئاشتى. بىر قانچە پىلاستىنكامنى ئارقىمۇ-ئارقا نەشىر قىلدۇرۇپ كۆپ پۇل تېپىپ بايلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم. گەرچە ھەممە نەرسەم تەل بولسىمۇ، ئۆزۈمنى بىرەر نەرسەم كەمدەك، ئۇنى ئىزدىشىم لازىمدەك ھېس قىلىپ مېنى ھەقىقەتنى ئىزدەشتىن ۋە ئۇنى بىلىشتىن مەھرۇم



www.munber.org



قىلغان بۇ نام-ئابرۇي ۋە بايلىقتىن ۋاز كېچىشنى قارار قىلدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئاستا - ئاستا چەتكە ئالدىم. قېرىندىشىم دىۋىد مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن «قۇددۇس» قا بارغان ئىدى. «ئەقسا» مەسچىدى ئۇ كۆرگەن مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە مەسچىت ئىچىنىڭ مۇھىتى خرىستىئان دىنى چىركاۋلىرى ۋە يەھۇدى دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ مۇھىتىغا قەتئىي ئوخشىمايدىكەن. ئۇ مەسچىتكە كىرگەندىن كېيىن ۋۇجۇدىنى ئۆزگىچە بىر خىل سېزىم قاپلاپ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم تېنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىپتۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمان ئەمەسلىكىنى سوراپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خرىستىئان ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەمما بۇ قوغلاش ئۇنىڭ روھىيىتى ۋە ئىسلامغا بولغان ئىشتىياقىغا تەسىر كۆرسىتەلمەپتۇ.

قېرىندىشىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋە «ئەقسا» مەسچىدىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ قانداق تۇيغۇدا بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ھەمدە مېنىڭ دىنغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىمنى، ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتقانلىقىمنى بىلگەن بولغاچقا، ماڭا ئۆزى «قۇددۇس» تىن ئېلىپ كەلگەن بىرى ئەرەبچە، يەنە بىرى ئېنگىلىزچە ئىككى پارچە قۇرئان ھەدىيە قىلدى. بۇ ھەدىيە كېيىن مېنىڭ ھاياتىمنى مول



www.munber.org

مەزمۇنغا ۋە ئۆزگىچە مەناغا ئىگە قىلغان كانغا ئايلىنىپ قالدى.

مەن قۇرئاننى ئوقۇشقا باشلىدىم. مەن ھەر قېتىم ئۇنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى راھەت ھېس قىلاتتىم. بۇ كىتاب خۇددى مەن ئۈچۈن يېزىلغاندەك سېزەتتىم. مەن پەقەت قۇرئاننى تولۇق ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. ئىسلامنىڭ دەل مەن ئىزدەۋاتقان دىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئۇنىڭدىن سوئاللىرىمنىڭ جاۋابىنى تاپتىم. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا كىتاب ئوقۇپ ئۇنىڭ تەرجىمھالى ۋە ۋۇجۇدى ئىنتايىن تەسىر قىلدى. مەن ھېچكىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ئۆز كۈچۈم بىلەن بۇ دىننى چۈشۈنۈش ئۈچۈن ھېچقانداق مۇسۇلمان بىلەن ئارىلاشماي تەخمىنەن بىر يېرىم يىل ئىسلام توغرىسىدا كىتاب ئوقۇدۇم. چۈنكى ئەگەر مەن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار بىلەن ئارلاشسام ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار ۋە باشقا نۇرغۇن ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلار ماڭا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن ئىدى!!![1]

[1] بىز ئىلگىرىمۇ مۇسۇلمان بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن ئاشۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىدۇق..... ئى ئىسلام ئۈممىتى! ئاللاھتىن قورقايلى، دىنىمىزنىڭ ھەقىقىتىگە قايتىپ ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلايلى. ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا ئەھۋالىمىز ياخشىلىنىپ، ئىززەت ـ شەرىپىمىز قولىمىزغا كېلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بىز پۈتۈن دۇنياغا ئۈلگە بولىدىغان شەخسلەر ۋە جەمىيەتلەرگە ئايلىنىپ كىشىلەرنى ئىسلامدىن نەپرەتلەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلامغا رىغبەتلەندۈرۈپ دەۋەت قىلالايمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۆزىمىزدىكى كەمچىللىك تۈپەيلى كىشىلەرنى ئىسلامدىن نەپرەتلەندۈرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە مەسئۇلىيەتكە تارتىلىمىز. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە



www.munber.org



بىر يېرىم يىلدىن كېيىن، مەن مۇسۇلمان بولۇشتىن باشقا ھېچ ئىشنى ئويلىمىدىم. ئىسلام دىنىنىڭ مېنىڭ دىنىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇ تۇيغۇ مېنى ئەسىر قىلىۋالدى. ئەنە شۇ چاغدا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «گەرچە دىنلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ھەممە ئادەم ئىسلام دىنى بىلەن تۇغۇلىدۇ.» دىگەن سۆزىنىڭ مەنىسىگە چوڭقۇر ئىشەندىم.

مەن تېخى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە سۈننەتلىرى بىلەن تونۇشمىغان بولغاچقا، قۇرئاندىن چۈشەنگىنىم بويىچە كۈنىگە ئىككى ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان بولدۇم. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى مېنى لوندۇندىكى بىر جامىئەگە باشلاپ بارغان ئىدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇيتتىم. مەن بىر جۈمە كۈنى يەنى 1977 ـ يىلى ئەشۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان بولدۇم.

ھاراق ئىچىشنى پۈتۈنلەي توختاتتىم. تاماكا چېكىشتىنمۇ ئۆزۈمنى تارتتىم. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ماڭا تاماكا چېكىشنى ھارام، مۇسۇلمان تاماكا چەكمەسلىكى لازىم دىگەن ئىدى. ئاياللار بىلەن بولغان پۈتۈن ئالاقەمنى ئۈزدۇم. مەن

قىلمىغىن(ئۇلار مۇسەللەت بولۇپ، بىزنى كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن)» (سۈرە مۇمتەھىنە 5 ـ ئايەت) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، ئىززەت ـ شەرىپى قولغا كېلىدىغانلا بولسا، شەكسىز بىئاراملىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان نەچچە مىڭلىغان كۇففارلار ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن چوقۇم مۇسۇلمان بولىدۇ. بىزگە ئامانەت قىلىنغان مۇسۇلمان ئۈممىتىمىز تا ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە نۇرغۇن كىشلەرنى توسۇپ قويغان ۋە ئىككىلەندۈرۈپ قويغان نىجاتلىق يولىغا چوقۇم ئېرىشىدۇ.



www.munber.org

ئىلگىرى گۆش يېمەيدىغان بولۇپ، ئىسلامغا بولغان ئېتائەتچانلىقىمنى يەنىمۇ ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتتىم. قۇرئاننى ئوقۇغاندىن كېيىن كۈنىگە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇشقا، ماللىرىمدىن زاكات ئايرىشقا باشلىدىم.

ئاشۇ مۇزىكا تالانتىم بىلەن نېمە ئىش قىلىشىم كېرەك؟ ئۇنى قانداق قىلىپ ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىمەن؟! دېگەن ئىككى سوئال مېنى تېگىرقىتىپ قويۋاتاتتى. ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن مەن ناخشا پىلاستىنكىسى ئىشلەش ۋە مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشنى توختاتتىم. قۇرئاننىڭ مەنا ۋە ئاھاڭ گۈزەللىكى مېنى ھەممە نەرسىدىن ۋاز كەچكۈزدى. مۇزىكىنى قوللايدىغان پىكىرلەرنىمۇ، قارشى تۇرىدىغان پىكىرلەرنىمۇ ئاڭلىدىم. بەزىلەر ئۇنى قەتئىي ھارام، كىشىنى گۇمراھلىققا باشلايدۇ. توختىتىش لازىم دېسە، يەنە بەزىلەر دۇرۇس بولۇپ، ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك دېيىشتى. مەن تا ھازىرغىچە بۇ توغرىدا ئېنىق بىر قاراشقا كېلىپ بولالمىدىم. ئەمما مەن چۈشۈمدە مۇزىكىنىڭ مېنى ئىبادەتتىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى، دوزاخنى، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى ئۈچۈن مۇزىكىنى ۋاستە قىلىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ سوئاللىرىمنىڭ جاۋابى تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ناخشا - مۇزىكا پائالىيىتىمنى توختاتتىم. مۇھىمى مەن قۇرئان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بولغان ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشنى باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ياخشى مۇسۇلمان ئايال ئىزدىدىم.

**1979** - يىلى ئۆمرە ئىبادىتىنى ئادا قىلدىم. ئۆمرەنى تۈگىتىپ مۇقەددەس جايلارنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈم ئۈچۈن بىر ياخشى مۇسۇلمان ئايال تاپتىم. ۋە مەسچىتتە ئىسلام قائىدىسى بويىچە توي قىلدىم. مەن ئايالىم بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسى ئارقىلىق تونۇشقان ئىدىم. دادىسى مۇسۇلمان تۈرۈك، ئانىسى ئافغان ئايال بولۇپ، بۇ ئائىلە لوندوندا ياشايتى. تويىمىز قائىدىلىك ئۆتكۈزۈلدى. تۇنجى بالامنىڭ رامزان ئېيىدا تۇغۇلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتىمەن.

ئاللاھ ماڭا نىسبەتەن ئىنتايىن كەرەملىك، سېخى ئىكەن. مانا ھازىر مەن ھەقىقىي بەختنىڭ تەمىنى تېتىدىم. مەن گۈزەل ئايالنى ئەمەس بەلكى پەزىلەتلىك ئايالنى ئىزدەيتىم. ھازىر ئويلاپ باقسام توغرا يول تۇتۇپتىكەنمەن. شەكسىزكى، ئايالنىڭ گۈزەللىكى مۇھىم ئەمەس ئىكەن. پەقەت ئىمانى بىلەن پەزىلەت ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىكەن. مەن يېزىقچىلىق ۋە مۇزىكا ئىشلەش جەھەتتە ئىقتىدارلىق بولۇپ، ھازىر قۇرئان ئوقۇپ ئۇنىڭدىن زوقلىنىش ۋە مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىۋاتىمەن. مەن ھازىر نام ــ ئابرويىمدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ دىننى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئىسلام توغرىسىدا بىر قانچە پارچە كىتاب يېزىۋاتىمەن... مەن غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتىلىق قىلىپ توغرا يولغا يېتەكلىشىمىز لازىم دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇلارنى ئازدۇرىدىغان يوللار كۆپ بولۇپ كەتتى. ئۇلارغا قارشى



www.munber.org
www.munber.org

تەشۋىقات كۈچلۈك بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەيدىغان، ئۇلارغا ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان بىر قانچە پىلاستىنكا ئىشلىدىم. بىر قىسىم مۆئمىنلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ قۇرئان ئۆگىتىدىغان ۋە ئىسلامى تەشۋىق ئۇسۇللىرىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان سورۇنلارنى ئۇيۇشتۇرۇدۇم.

مېنىڭچە ۋاقتىدا ناماز ئوقۇش ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان بىر قىسمى بولۇپ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا، ئىنچىل ئادا قىلغان چاغدىلا ئادەم ئۆزىنى ۋە مۇسۇلماندارچىلىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن نامازنى پەقەت تەرك قىلمايمەن. ھەر قېتىم ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈمدە باشقىچە راھەت ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلىمەن.

مەن ناخشا ـ مۇزىكا پائالىيىتىمنى توختۇتۇپ مۇسۇلمان بولغان چېغىمدا پۈتۈن غەرب ئەللىرى ئىنتايىن تاساددىبىيلىق ھېس قىلىشتى ۋە مېنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىمنى سوراشقا باشلىدى. بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى جىم تۇرۋالدى. ئۇلار ئەمدى مېنىڭ كەينىمدىن بۇرۇنقىدەك يۈگۈرمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى پۈتۈنلەي ئۇقماسقا سېلىپ بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. چۈنكى، غەرب ئەللىرىدىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەھۇدىيلار باشقۇرىدىغان بولغاچقا ئۇلار يۈرۈقلۇقنى كۆرۈشنى خالىمايتتى.





قۇددۇس مېنىڭ ئىسلامغا قەدەم تاشلىغان يولۇم بولۇپ قالدى. قېرىندىشىم ماڭا قۇرئاننى ھەدىيە قىلغاندىن كېيىن «قۇددۇس» قا باردىم. ماڭا گېرمانىيەلىك بىر يەھۇدىي يولباشچى بولدى. ئۇلار مېنىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىمنى سورىغاندىن كېيىن مەن مۇسۇلمان دەپ جاۋاب بەردىم. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار مېنى ئارىسىغا ئېلىپ «ئەقسا» مەسچىتىگە ئېلىپ كىردى. مەن ئۇ يەردە ناماز ئوقۇپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ يىغلىدىم. «قۇددۇس» ئىسلام دۇنياسىنىڭ يۈرىكى، ئەگەر بۇ يۈرەككە دەرت يەتسە شەكسىزكى، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. ئاشۇ يۈرەك ساغلام بولغاندا ئاندىن كېيىن پۈتۈن تەن ساغلام بولىدۇ ۋە كۈچلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇسۇلمان بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن بۇ يۈرەكنى ئازات قىلىشىمىز لازىم.

پەلەستىن خەلقى ئىسلامنى، دىيانىتىنى، نامىزىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك، مەن ئاللاھنىڭ ئۇلارنى چوقۇم غەلىبىگە باشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

سىز مېنىڭ ئىسمىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىشىڭىز مۇمكىن. مەن ئىسمىمنى سۈرە «يۈسۈف» دىن ئالغان. ئۇ مېنى ھىدايەتكە باشلىغان سۈرە بولۇپ، شۇ سۈرىنى ئوقۇغان چېغىمدا يىغلاپ كەتكەن ئىدىم. ئائىلەمنى سورىسىڭىز، دادام 1978 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئۇ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر رازى ئىدى. ئۇ ئىسلامنى ئېتىراپ قىلاتتى. پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنەتتى. لېكىن



www.munber.org

مېنىڭ قېرىندىشىم ئىسلامنى چوڭقۇرراق چۈشىنىش ئۈچۈن بۇ ھەقتە كۆپرەك ئوقۇش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئىسلامغا ئىشەنگەنلىكىگە ئىشەنچىم كامىل. لېكىن مەلۇم ۋاقىت كېرەك. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ئۆزى ھىدايەت قىلىدۇ.[1]

[1] مەن مۇشۇ كىتابچامنى نەشرىياتقا بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقان ۋاقتىمدىن ئازراق بۇرۇن ئاللاھ ئېھسان قىلغان بىر قىسىم قېرىنداشلار ئەۋەتكەن، گېرمانىيەدە چىقىدىغان «تاجىيىس تىسسايتوج» گېزىتىنىڭ 2003 ـ يىللىق 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان يۇسۇپ ئىسلامنىڭ 2003 ـ يىللىق جەمئىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك جەھەتتىكى «خەلقئارالىق مەشھۇر شەخسلەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى، مۇكاپاتنى ھامبۇرگ شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن كۆزگە كۆرۈنگەن 1000 كىشى قاتناشقان چوڭ يىغىندا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ھەققىدىكى ئېلېكتىرونلۇق پوچتا يوللانمىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەن مەيلى بۇرۇن ياكى ھازىر بولسۇن ئەنە شۇنداق بۈيۈك شەخسلەرنى غەرب ئەللىرىدىن بۇرۇن ۋە ئۇلاردىن ياخشىراق ھۆرمەتلەشنى ۋە ئۇلارنى تىگىشلىك تەقدىرلەشنى بەك ئۈمىد قىلىمەن.



www.munber.org



## ئۇنىڭ تەقۋادارلىقى

يۇسۇف ئىسلام خۇددى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك تەقۋادارلىق ۋە ئىسلام تەلىماتىغا ئەمەل قىلىش جەھەتتە سىرتقى كۆرۈنىشىدىن باشلاپ تاكى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارغا قەدەر ئالاھىدە تونۇلغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىسلام دىيارىدىكى دىنىنىڭ ھۆكمى ئۈچۈن بولغان ئىشلاردىمۇ ئىككىلىنىدىغان ۋە سۇسلۇق قىلىدىغان نۇرغۇن مۇسۇلمانلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

تۆۋەندە ئۇنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە شەرىئەتچانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر قانچە ئىشلىرىنى جەملەشكە ئىمكان بولغىنى بويىچە قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمەن:

گەرچە ئۇ ئىلگىرىكى دۇنياۋى مەشھۇر ناخشىچى بولسىمۇ ناخشا ئوقۇش ۋە ئاڭلاشنى ھەم ساز ئاڭلاشنى تاشلىدى.[1] ئۇ

[1] گەرچە ئۇ ناخشا ئېيتىشنى تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى ۋاقىتلاردا شەرىئەتتە ھارام قىلىنمىغان چالغۇلار بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشقا بولغان قىزغىنلىقى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى پۈتۈن ئىقتىدارىنى ھەتتا ئاشۇ سەنئەت تالانتىنىمۇ ئىسلامغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئىرادىسىدىن كەلگەن. ئۇندىن باشقا بەزىلەر ئۇنىڭغا بەزى سازلارنى چالسىمۇ ھېچنىمە بولمايدۇ دەپ پەتىۋا بەرگەن.



www.munber.org

ساز چېلىش ۋە ئۇنى ئاڭلاشنى هارام دەپ ئەمەس بەلكى هالال ياكى هاراملىقى ئېنىق ئەمەس دەپ تەرك ئەتكەن. شۇ چاغدا بەزىلەرنىڭ ساز چېلىش ۋە ئاڭلاشنى هارام دېگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بەزىلەرنىڭ هالال دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.[1] شۇنىڭ ئۈچۈن ئېهتىيات يۈزىسىدىن ناخشا ئوقۇش ۋە ساز چېلىشنى تاشلىغان. (ئاللاهتىن قورقۇڭلار، ئى ئىسلام پەرزەنتلىرى، ئۇنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىش روهىدىن ئۆگىنىڭلار! هازىر بىزنىڭ نۇرغۇن ئىسلام پەرزەنتلىرىمىز شۈبهىلىك ئىشلارغۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، هەتتا هارام ئىكەنلىكى ياكى پەرىز ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان نۇرغۇن شەرئەت هۆكۈملىرىنىمۇ ئىجرا قىلمايدۇ.)

[1] بەزى ناخشىلار توغرىسىدا ئېنىق شەرئەت هۆكۈمى چىقىرىلمايۋاتىدۇ. ئەمما هازىرقى زامان ئىسلام ياشلىرىنى ئىرادىسىزلىككە ئۈندەيدىغان، ئۇلارنى ۋاستىلىق ياكى ۋاستىسىزهالدا هارام ئىشلارنى قىلىشقا كۈشكۈرتىدىغان چىرىك ناخشىلارنىڭ هارام ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك ـ شۈبهە يوق. بۇ ناخشىلارنىڭ يامانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ گۇناهسىز ئۆسمۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەر ـ ئايال قېرىنداشلىرى ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان. قىز هەمشىرلىرى دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدا بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىۋاتقان ئاشۇنداق نادامەتلىك پەيتتە ئەنە شۇنداق مۇهەببەت ۋە يار توغرىسىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىپ يۈرۈشنىڭ ئۇلار ئۈچۈن نەقەدەر نومۇس ۋە ئەيىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشنىڭ ئۆزى كۇپايە. ئۇندىن باشقا ئىسلام ئۈممىتىمىز ئومۇمىيۈزلۈك هالدا دىنىنىڭ ماهىيىتىدىن يىراقلاپ كەتكەن، خورلۇق ۋە خەتەر ئىچىدە ياشاۋاتقان ئاشۇنداق هەسرەتلىك پەيتتە مۇهەببەت ۋە يار توغرىسىدا ناخشا ئېيتىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! ئۇندىن باشقا، هىدايەت ۋە بەخت سائادەتنى پۈتۈن ئالەمگە تارقىتىش مەسئۇلىيتى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە يۈكلەنگەن تۇرۇقلۇق، پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان، قالايمىقانلىشىۋاتقان ئاشۇنداق قىيىن بىر پەيتتە بىز قانداقمۇ ناخشا ئېيتالايمىز ۋە ناخشا ئاڭلىيالايمىز؟!



www.munber.org

مىن مفتى إلى الداعية
تاشپىلىقتىن دەۋەتچىلىككىچە

- ✓ تۇرقى ۋە كىيىنىش جەهەتتە سۈننەتكە ئەمەل قىلاتتى[1]
- ✓ ئىسلامغا هىدايەت قىلىنغاندىن كېيىن تاماكا چېكىشنى دەرهال تاشلىغان ئىدى.
- ✓ ئىلگىرىكى دوستلىرى ئۇنىڭ ئىسلامغا بولغان دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دىيانىتىنىڭ ئاجىزلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، گەرچە شۇنداق قىلىش ناهايىتى تەس بولسىمۇ، ئۇ ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزگەن ئىدى.
- ✓ هىجاپقا تولۇق ئەهمىيەت بېرىدىغان[2]، دىيانەتلىك بىر ئايال بىلەن توي قىلدى.
- ✓ دۇنياغا نىسبەتەن قانائەتچان ئىدى، ئاددى ـ ساددا كىيىنەتتى.

[1] ئۇ كىيىنىش جەهەتتە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلاتتى. هالبۇكى مۇسۇلمانلارنىڭ هازىرقى نۇرغۇن ئوغۇل ـ قىزلىرى ئىسلامنىڭ كىيىنىش جەهەتتىكى كۆرسەتمىلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ پاسونى غەرب كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ پاسونىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى ئىسلام شەرئىتى يول قويمىغان غەيرى كىيىملەرنى كىيىشىپ يۈرمەكتە.
ئى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى! يۈسۈف ئىسلامنىڭ ئاشۇ تەقۋادارلىقىنى ئۆزۈڭلارغا ئۈلگە قىلىڭلار!

[2] گەرچە ئۇنىڭ ئايالى كۇفرى مۇهىتىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى يۈگەشكە تولۇق ئەهمىيەت بېرەتتى. هالبۇكى، هەتتا ئىسلام دۆلىتى ئىچىدە ياشاۋاتقان نۇرغۇن مۇسۇلمان قىز ـ ئاياللىرىمىزمۇ تولۇق، توغرا يۆگىنىشكە ئەهمىيەت بەرمەيدۇ. هەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ يۆگىنىشلىرىنى «يۆگىنىش» دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ.
شۇنىڭدا شەك يوقكى، تېلېۋىزىيە قاناللىرى ۋە تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئاياللارنى يۆگىنىشكە ئەهمىيەت بەرمەسلىككە رىغبەتلەندۈرۈۋاتىدۇ.
مەسىلەن: ئاللاهقا ئاسىيلىق قىلغان، ئۆزىنى ئېچىپ يۈرگەن مەلۇم ئارتىس هۆرمەتكە سازاۋەر قەهرىمانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. نۇرغۇن پروگراممىلار ۋە فىلىملەر ئەخلاق ۋە دىيانەتنى بۇزۇۋاتىدۇ.



www.munber.org

✓ ھەممە دىققەت قىلىدىغان دۇنياۋى چولپانغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كىچىك پېئىل بولدى. لوندوندىكى ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىدە ئىئانە توپلاپ ئۇنى مەسچىتتە روزى تۇتىدىغان مۇسۇلمانلارنى غىزالاندۇرۇشقا ئىشلەتتى.

ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن دىننى تەشۋىق قىلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلانغان ئىدى.

﴿ إِنَّ الَّذِينَ قَالُوا رَبُّنَا اللَّهُ ثُمَّ اسْتَقَامُوا تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ الْمَلَائِكَةُ أَلَّا تَخَافُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَبْشِرُوا بِالْجَنَّةِ الَّتِي كُنتُمْ تُوعَدُونَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، (پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر) دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا: ‹قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار› دەيدۇ﴾[1]

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَطِيعُواْ اللّهَ وَرَسُولَهُ وَلاَ تَوَلَّوْا عَنْهُ وَأَنتُمْ تَسْمَعُونَ ❖ وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّذِينَ قَالُوا سَمِعْنَا وَهُمْ لاَ يَسْمَعُونَ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر ‹قۇرئاننى› ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز

[1] سۈرە ئەنفال 21 ـ، 22 ـ ئايەتلەر.



www.munber.org



ئۆرۈمەڭلار، ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن ئىشلارنى (يەنى كاپىرلارنى) دورىماڭلار﴾[1]

[1] سۈرە فۇسسىلەت 30 ـ ئايەت.



www.munber.org

## ئۇنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىن نەمۇنىلەر

- ✓ ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنلا ئەنگلىيەدىكى ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى قوللاش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ۋە باشقا جايلارغا ئىسلامنى تارقىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى.
- ✓ ئەنگلىيەدە تۇنجى مۇسۇلمان ئوغۇللار مەكتىپى قۇرۇپ چىقتى.
- ✓ **1983** - يىلى ئىسلام مەكتەپلىرىنىڭ نەفقە ئىشلىرىغا رەئىس بولدى.
- ✓ نەفقە، خەيرى - ئېھسان ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ئۆزى قۇرۇپ چىققان «مەسچىد قۇرۇلۇشى» جەمئىيىتىدە ئىشلىدى. ئاشۇ جەمئىيەت ئاساسىدا« ئىسلام تەشۋىقات جەمئىيىتى» بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ جەمئىيەت مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى مۇسۇلمانلارغا لىكسىيە ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇ يەنە ئەنگلىيە مەسچىتلىرىدە كەڭرى تارقالغان، ئىسلام تەلىماتلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن جەمئىيەت بىلەن ماسلىشالايدىغان ئىماملارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان ئىماملارنىڭ ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىش تەشەببۇسىنى قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا



www.munber.org



كۆڭۈل بۆلدى. نەتىجىدە بۇ كۇرسلار ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان تەشۋىقاتچىلار تەربىيىلەپ چىقىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ مەخسۇس غەيرى مۇسۇلمانلارنى دىنغا دەۋەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان « ئىسلام يىغىلىش» گۇرۇپپىسىنى تەسىس قىلدى.

- ✓ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنگلىيەدىكى سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائيي ئورنىنى يوقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. مۇسۇلمانلارنى ئەنگلىيە پارلامىنتىغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.
- ✓ ئۆزىنىڭ سەنئەت تالانتى ئارقىلىق ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە باشقىلارغا ئىسلام تەلىماتلىرىنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، بىرقانچە ئىسلام ناخشىلىرى پلاستىنكىلىرىنى نەشر قىلدۇردى.
- ✓ ئىسلام دۇنياسىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈپ پەلەستىن، ئافغانىستان ۋە بوسنىيەگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار مۇشكىلاتقا دۇچار بولغان رايونلارنى زىيارەت قىلدى.
- ✓ دۇنيادىكى بىرقىسىم دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان قىيىنچىلىقى بار مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە شەھەرلىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇسۇلمانلاردىن ئىئانە يىغدى.
- ✓ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، بولۇپمۇ



www.munber.org

ئافغانىستان بىلەن پەلەستىندىكى قىيىنچىلىقى بار مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن «ئىسلام خەيرى - ساخاۋەت» فوندى تەسىس قىلدى. ئۇ ئافغانىستاننى زىيارەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەمىلىي تۇرمۇشىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ فوندنى بارلىققا كەلتۈردى.

✓ ئىسلام دۇنياسىدا ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان، ئىسلام تەشۋىقاتچىسى دىگەن نامغا ئېرىشكەن، كۆز قاراشلىرى قوبۇل قىلىنىپ نەقىل كەلتۈرىلىدىغان، ئىسلام قۇرۇلتايلىرىغا تەكلىپ قىلىنىدىغان، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئىسلامنى تەشۋىق قىلىدىغان لىكسىيەلەرنى سۆزلەيدىغان شەخسكە ئايلاندى.



www.munber.org



## ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن

❖ «نۇرغۇن مۇسۇلمانلار، ھەتتا ئىسلام تەشۋىقاتى ساھەسىدە ئىشلەۋاتقانلارمۇ، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن بەكرەك ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ!!! شۇبھىسىزكى، قالدۇق ۋاقىت، قالدۇق ئىقتىساد ۋە قالدۇق تىرىشچانلىق بىلەن ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرۈشكە تەمەلىق قىلغىلى بولمايدۇ. مال ـ مۈلۈكلىرىمىز ۋە تىرىشچانلىقلىرىمىزنى باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلىپ يۈرىۋەرسەك قەدەملىرىمىز ئېغىرلىشىپ قالىدۇ. يول قىسقارمايدۇ»

❖ «مېنى ئەڭ غەمگە سالىدىغان مەسىلە ---- قانداق قىلىپ ئۆزۈمدە بار تالانتنى ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت»

❖ «پەلەستىن مەسىلىسى پەقەت پەلەستىنلىكلەرنىڭ مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن بەلكى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىسىدۇر»

❖ «پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇشقا چاقىرىمەن. چۈنكى ئاشۇ ئىككى تەلىماتلا مۇسۇلمانلارنى ئۇلار



www.munber.org

تۇرغان قىيىن ھالەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ.»

❖ «پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش ۋە پۈتۈن دۇنياغا مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە بىلدۈرۈش جەھەتتە ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىششقا چاقىرىمەن.»

❖ «ھەممەيلەن مۇسۇلمانلار ئەرلەر ھەم ئاياللار بوسنىيە بوغۇزلىنىۋاتقان، ئەرلىرى باللىرىنىڭ قانلىرىنى ئىچىشكە مەجبۇرلىنىۋاتقان مۇشۇنداق قىيىن ۋەزىيەتتە قانداقمۇ ئۇخلىيالايمىز؟![1] »

❖ «مەن نامىزىم ئارقىلىق ئاللاھ بىلەن ئالاقىلىشالايدىغانلىقىمنى بىلگەن ۋاقتىمدا مېنىڭ بەخت ـ سائادىتىم كامالەتكە يەتكەن بولدى»

❖ «مەن مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى بەخت ـ سائادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم[2]»

[1] ئۇنىڭ بوسنىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارقاتقان جاپالىرى توغرىسىدا توختالغان ۋاقتىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن ئېلىندى.
[2] غەرب ئەللىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ۋە كاپىرلار گەرچە كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ سىرتقى ھالىتى بىزلەرنى ئالدىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئومۇمەن ئۆزلىرىنى ھەقىقىي بەختلىك ھېس قىلمايدۇ. بولۇپمۇ كۆپلىگەن تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئۇلارنى بىزلەرگە بەختلىك قىلىپ كۆرستىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار زارلىنىش ۋە روھى كېسەللەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ جەمئىيىتىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش كۆپ سانى ئىگىلەيدۇ. ھەتتا ئەڭ بەختلىك دەپ ھىساپلىنىدىغان نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقان. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ بەختسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان «مارلىيىن مونرو»غا ئوخشاش.





❖ «مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى بۈيۈك ياراتقۇچىمغا ئىبادەت قىلىش، يېقىنچىلىق قىلىش ۋە ئەنگىلىيەدىكى مۇسۇلمانلار ھەم ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئاتايمەن»

❖ «مەن بىر لاياقەتلىك مۇسۇلمان بولماقچى، مەن مۇسۇلمان بولغانلىقىم ئۈچۈن ناخشىدىن ئۆزۈمنى تارتتىم[1] »

❖ «مەن ناخشىدىن ئۆزۈمنى تارتىشنى قارار قىلىشتىن ئىلگىرى ئىسلام دىنىنىڭ ناخشا توغرىسىدىكى قارىشى توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن سورىدىم، ئەمەلىيەتتە كەسكىن بىر قاراش يوق ئىكەن[2] لېكىن، ناخشا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈم يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان. ماڭا كۆپ پايدا ئېلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم. شەكسىزكى، مۇزىكا مېنىڭ ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئالىملاردىن ئۇ توغرىسىدا پەتۋا سورىغان ئىدىم. مەن ھازىر شۇنى بىلىپ تۇرىۋاتىمەنكى، مېنىڭ ناخشىدىن ئۆزۈمنى تارتىشنى قارار قىلىشىمدا ئاللاھ ماڭا مەدەتكار بوپتۇ، چۈنكى ھەدىستە: ‹شۈبھىلىك ئىشنى تاشلاپ شۈبھىسىز ئىشنى تۇتقىن› دېيىلگەن ئەمەسمۇ».

[1] ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ناخشىنى تاشلىغانلىقى توغرىسىدا سورالغاندا بەرگەن جاۋابى
[2] ئۇنىڭدىن بۇ سوئالنى سورىغان ئادەم ئۇنىڭ ئاشۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ كىتابنىڭ 12 ـ بېتىدىكى 2 ـ ئىزاھاتقا قارىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.



www.munber.org

❖ «مېنىڭچە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىم توغرىسىدا ياخشى تەپەككۇر يۈرگۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن ئېزىپ كەتكەن».

❖ «مەن قۇرئان ئوقۇشنى باشلىغاندىن تارتىپ ئۇنى ھەرقېتىم ئوقۇغان ۋاقتىمدا كىشىلەرنىڭ ئالدىلىرىدا ئاشۇنداق يول باشلىغۇچى ۋە يورۇقلۇق تۇرسىمۇ، يەنە بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ھىدايەتسىز ياشاۋاتىدىغاندۇ دەپ تەئەججۈپلىنىمەن. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرى زاماندىكى ئىسلام توغرىسىدا ئېيتقان (شۇ چاغدا دىنىنى تۇتقۇچى چوغىنى تۇتقۇچىغا ئوخشايدۇ) دىگەن سۆزىنى، ھەم (ئىسلام خۇددى بىچارە ھالەتتە باشلانغىنىدەك ئاخىرىدا يەنە بىچارە ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ) دىگەن سۆزىنى ئىسىمگە ئالىمەن».

❖ «ئەپسۇسلىنارلىقى، كىشىلەر ھازىر ئۆزلىرىنىڭ پەس ئارزۇلىرىنى دەپ شەرىئەتكە خىلاپ بولغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ناخشا پىلاستىنكىلىرى، كىنو لىنتىلىرى ۋە ھەرخىل ژورناللاردىن پەقەت تىجارەت قىلىپ مال توپلاشلا مەقسەت قىلىنغان».

❖ «مەن يەنە بارلىق كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، ئىمكان بولغان ۋاستىلارنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ، ئەنگلىيەنىڭ ئىسلامنى تارقىتىدىغان بىر تايانچقا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

❖ «مەن كىشىلەرنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى



www.munber.org



ئويلىسام تولىمۇ قايغۇرىمەن، چۈنكى ئۇلار ئۇنى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلمايدۇ».

❖ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاندىكى ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى ۋە ياخشى ئىشلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، تۇرمۇشتا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىپ، توساقلىرىدىن يانالتتى دىگەنلىك بولىدۇ. مۇھىمى ئەنە شۇ، ئۇنداق بولمىغاندا قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ئويلانماستىن ئېغىزدىلا لەۋزىنى ئوقۇپ قويغاننىڭ نېمە پايدىسى؟!»

❖«شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇرئاننى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرىشىمىز، ئۇنى تىلىمىز بىلەن تەكرارلاپ قويماستىن بەلكى ئۇنى تۇرمۇشىمىزغا تەدبىقلىشىمىز كېرەك».

❖ «مەن ئۆزەمنى كۆپ ئىش قىلالمىغاندەك ھىس قىلىمەن، شۇنداق قىلسام دەپ بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا داۋاملىق خىتاپ قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ، مەسىلەن، ھەربىر ئايەت: ئى مۆئمىنلەر... ئۇنداق قىلىڭلار ياكى مۇنداق قىلىڭلار دەپ باشلىنىدۇ، دىمەك، ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلۇشىدا كېيىنكى باسقۇچ بەك مۇھىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. ئاللاھ بىزگە ياردەم بېرىدۇ.



www.munber.org

ھەرگىزمۇ قول قوۇرۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرماسلىقىمىز كېرەك[1] ئىسلام دېگەن: خىزمەت قىلىش، ئىشلەش، ئىتائەت قىلىشتۇر.»

❖ «مەن زىيان تارتمىدىم... چۈنكى مەن بىر مىليارد مۇسۇلمان قېرىنداشنى قولغا كەلتۈردۈم!»

❖ «ئەسىر» سۈرىسىنىڭ ئۆزىلا دوزاقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىدۇر»

❖ «غەرب ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار مەسچىتلەرنى بىنا قىلىۋاتىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارنى تەربىيىلىمەيۋاتىدۇ. مەسچىتتە تەكبىر ئېيتىدىغان، ئىسلام پىرىنسىپى بويىچە تەربىيلەنگەن مۇسۇلمان بولمىسا مەسچىتنىڭ نېمە پايدىسى؟[2] »

❖ «مەسچىتنىڭ رولى نېمە؟ مەسچىت پەقەت ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ناماز ئوقۇيدىغانلا ئورۇن ئەمەس!»

[1] ئۇنىڭ «سىز بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزدىن رازىمۇ؟» دېگەن سوئالغا بەرگەن جاۋابىدىن ئېلىندى.
[2] غەرب ئەللىرىدىلا ئەمەس بەلكى نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرىمۇ مەسچىت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ.



www.munber.org



❖ «مۇشۇ ئىشىم ۋە باشقا ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ سۇبھانەھۇۋەتەئالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولۇشىمنى ئۈمىد قىلىمەن[1] »

❖ «شەك - شۈبھىسىزكى، بەختسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان غەرب جەمئىيىتى ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. لېكىن قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟ بۇ يەردە بىر سوئال كېلىپ چىقىدۇ... مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىرىم بويىچە تەپەككۇر قىلىشىمچە ئۆزىمىزنىڭ بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھازىرقى قىيىنچىلىقىمىز شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىز ئىسلام دىنىغا خۇددى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ شەخسى دىنىدەك قارايمىز، باشقىلارنى دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمەيمىز، دەۋەت قىلىشنىڭمۇ ھازىرقى دەۋرنىڭ شەرت - شارائىتىغا يارىشا ئۇسۇللىرى، قائىدىلىرى بولىدۇ. مېنىڭچە ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. مانا بۇ غەرب ئەللىرى جەمئىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۈيۈك ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر»

❖ «سەللە كىيىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئەمما ئۇزۇن كۆينەك كىيىشكە كەلسەك، مەن ئۇنى

[1] ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدىكى سەنئەت ئەسىرى چىققاندا ئېيتقان باھاسىدىن ئېلىندى.



www.munber.org

ئازادە، راھەتلىك ھىسابلاپ ئەڭ كۆپ كىيىشىم بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مۇسۇلمان كاپىرلارغا ئوخشاپ قالماسلىقى، بەلكى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ قورقماستىن، كاپىرلارنىڭ كىيىنىشىنى دورىماستىن مۇسۇلمانلارغا خاس پاسوندا كىيىنىشى كېرەك دەپ قارايمەن[1] »

❖ «ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى، بىز مۇسۇلمانلار تۇرمۇش سەۋىيىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ ئىسلام دىنىنىڭ ۋەزىپىسىگە سەل قارىدۇق»

❖ «مەن ھاياتىمنىڭ ھەربىر مىنۇتلىرى ۋە سېكۇنتلىرى بىلەن ئىسلام ئۇچۇن ياشاش ئىرادىسىگە كەلدىم. ماڭا ئىسلام بولسىلا كۇپايە، بۇ دۇنيادىن باشقا بىرنەرسە تەلەپ قىلمايمەن[2] »

[1] ئۇنىڭدىن نېمە ئۇچۇن ئاشۇنداق پاسوندا كىيىنىدىغانلىقىنى سورىغاندا بەرگەن جاۋابى.
[2] ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قانداق باھا بېرىشىنى قەلىمىم ئاجىز كېلىپ قالدى!!! نېمە دېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن ئالىيجاناپ سۆزلەر بۇ!!!!



www.munber.org



## ئۇ توغرىسىدا دېيىلگەن سۆزلەر

❖ «يىگىتلەر ۋە قىزلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇنىڭدىن تەئەججۇبلەنگەن ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىمزا قويدۇرىۋېلىش ياكى قول قويدۇرىۋېلىش ياكى نەچچە سېكۇنتلا پاراڭلىشىۋېلىش ئۇچۇن ئۇنى نەچچە سائەتلەپ كۈتەتتى.[1] »

❖ «يۈسۈپ ئىسلامنىڭ ياكى باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتقاندا دۇنياۋى ناخشىچى كات ستىۋىنسىنىڭ ئىشلىرى دۇنيا ئاممىسىغا بىلدۈرۈلۈشى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭدا نۇرغۇن پەندى نەسىھەتلەر بار. »

❖ «ئۇنىڭ نامى ھەر ياققا تارالغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادا داڭق قازانغان چولپانلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ناخشىلىرى غەرب ئەللىرىدىكى بارلىق رادىئو ئىستانسىلىرىدا ئاڭلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سەنئىتىگە ئاشىق كىشىلەر ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت كېچىلىكلىرى دۇنيادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ پايتەختلىرىدە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ھاياتىدا ھەممە

[1] نۇر گېزىتى 1410 ـ يىلدىكى 73 ـ سانىدىن ئېلىندى



www.munber.org

نەرسنى، نام ـ ئابروينمۇ، مال ـ دۇنياسىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ھەممىنى توختىتىپ ئىلگىرىكى يولغا تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر يولغا يەنى ھىدايەت يولىغا ماڭدى.»

❖ «كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇزىكا ھارام دىسە، ئۇنى توختاتتى. تاماكا چېكىشنى ھارام دىسە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتتى. ھاراق ئىچىش ۋە ئاياللار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشتىن ۋاز كېچىپ مۇسۇلمان ئايالنى تاللاپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى. دۇنيانىڭ ساختا گۈزەللىكلىرىدىن يىراق بولدى. ھاياتلىقتا قانائەتچان بولۇپ، ئاددى ـ ساددا ئەمما پاكىزە كىيىملەرنى كېيدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغان سەۋەبلىك يەھۇدىلەر ئۇنىڭغا قارشى تۇرغاندا، ئۇ ئىسلام ھەققىدە بىرقانچە پارچە كىتاب يېزىش بىلەن ئۇلارغا قارشى تۇردى[1]»

❖ «ئەتراپىڭىزنى پۈتۈن ھوزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ قورشاپ تۇرۇشى، سىزگە قارىتىلغان مەدھىيە سۆزلىرىنىڭ قۇمدەك تۆكۈلۈپ تۇرۇشى، كەمبەغەللەر، ئاددى پۇقرالار ۋە يوقسۇل كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا سىرىق سۇ يىغىلغۇدەك دەرىجىدىكى يەتتە خانىلىق ساندىن تۈزۈلگەن سىرىق قەغەزلەرنىڭ قولىڭىزدا بولۇشى، بەك مۇھىم بولسا، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەينىڭىزگە چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭغا كۆز قىرىڭىزنى سېلىپمۇ قويماسلىقىڭىز تېخىمۇ بەكرەك مۇھىمدۇر!...»

[1] «مەدىنىيەت» گېزىتى ھىجرىيە 1400 ـ 9 ـ 5، 4963 ـ ساندىن ئېلىندى.



www.munber.org

ناخشىچىلىقتىن دەۋەتچىلىككىچە
من مغني إلى الداعية

❖ «كىشىلەر مېنىڭ قولۇمغا ئاڭلاتقان ئۇ توغرىسىدىكى يوقىرىقىدەك ھەقىقىي رىۋايەتلەر ۋە ھېكايىلەر بولسىمۇ، مەن بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىشەندىم.... كىشىلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، مال ـ دۇنيادىن ئىبارەت ئاشۇ گۈزەللىك «ئايال» ئۇنى قانداقمۇ قىزىقتۇرالمىسۇن؟!... ئۇ ئەنە شۇنداق جەلپكار مال ـ دۇنيانى، پۈتۈن گۈزەللىكنى يوقاتقان، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان ماغدۇرسىز ماك ـ مومايغا ئوخشاش تاشلىۋېتەلىسۇن؟!...

لېكىن... ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى!... دۇنيانى ئاخىرەتكە، ئازنى كۆپكە، تېرىقنى بۇغدايغا، خىيالنى ھەقىقەتكە تېگىشكىنىڭىز نېمە دېگەن ياخشى!»

ئىلگىرىكى كات ستىۋېنس ھازىرقى يۇسۇف ئىسلام **60** ـ يىللاردا «بىيىتلىز» ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ياكى «لىف رىچارد» ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ياكى باشقا نام ـ شۆھرەت قازانغان ۋە بايلىققا ئېرىشكەن سازەندىلەرگە ئوخشاش داڭق چىقارغان ۋە زور بايلىققا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئەنگىلىيىلىكلەر تا ھازىرغىچە زوق بىلەن ئېيتىدىغان **12** پارچە مۇھەببەت ناخشىسى، باشقا مەشھۇر سەنئەتچىلەرگە ئىجاد قىلىپ بەرگەن **100** پارچە ناخشىسى، نەچچە مىليون فوندستېرلىڭ پۇل، مىليون قاپ نەشر قىلىنغان ناخشا لېنتىسىدىن ئىبارەت غايەت زور بايلىقى بار ئىدى.

مانا ھازىر ئۇنىڭ پەقەت ئىسلامدىن باشقا ھېچنىمىسى يوق... سىزنىڭ ئىسلامدىن باشقا ھېچقانداق دىنىنى



www.munber.org

تەلەپ قىلمايدىغان مۆئمىن بولىشىڭىز نېمە دېگەن ياخشى!!!

ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبىتىم باشلىنىپ نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ‹كاستۇنىس› دېگەن ئىسمىنى چاقىرىپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدۇم. ئۇ خۇددى ماڭا: ئۆتمۈشىمنى ئەسلىگۈم يوق، نېمە ئۈچۈن ماڭا ئۆتمۈشنى ئەسلەتمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ ئاشۇ ئۆتكەن كۈنلىرىمگە لەنەت ئوقۇيمەن - خالاس دەۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى.

مەن ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، يەردىلا ئولتۇرۇپ نان يەۋاتقان يۇسۇف ئىسلامدىن كەچۈرۈم سورىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېنى چاقىرىپ ئۆزى ئاددىي، ئەمما ئىللىق بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىردى. بىز شۇ يەردە پاراڭلاشتۇق. تېلېفونىنىڭ تەكرار جىرىڭشىشى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى بۇزۇپ قويدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالسام، گەرچە قارشى تەرەپ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىسىمۇ ئۇ يەنىلا ئاللاھ خالىسا، ئىنشائاللاھ دەپ سۆزلەۋاتاتتى[1]»

❖ « پۈتۈن دەۋەتچىلەر، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار بۇ ئالاھىدە ئۆلگە - يۇسۇف ئىسلامغا دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ، مال - مۈلۈك، نام - ئابروي ۋە چولپانلىقنى

[1] لوندوندىكى «ئوقۇ» ژورنىلىنىڭ مۇخبىرى مەزكۇر ژورنالنىڭ ھىجرىيە 1403 - 7 - 22 - كۈندىكى ساندا ئېلان قىلىنغان.



www.munber.org



تاشلاپ مۇسۇلمان بولۇپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپلا قالماستىن بەلكى، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتى، ۋاقتى، تىرىشچانلىقى ۋە مال - دۇنياسىنى ئىسلام ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئىسلام ئۈچۈن ئىشلىدى. بىزمۇ ئۇنى دورىساقچۇ - كاشكى...»[1]

❖ «ئۇ چولپان بولۇپ يۈرگەن مەزگىللەردە غەرب ئەللىرىدىكى خەلق ئاممىسى ئۇنى ساراڭلارچە ياخشى كۆرگەن»[2]

❖ «يۇسۇف ئىسلام مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن، مەسچىتتىن چىقماي ئولتۇرمىدى. بەلكى دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە ئىسلام تەبلىغ ئۆيۈشمىلىرى، خەيرى - ئېھسان بىرلەشمىلىرىگە قاتناشتى. كۆپلىگەن ئىسلام ناخشىلىرىنى ئىجاد قىلىپ كىشىلەر قەلبىدىن يەنە بىر قېتىم ئورۇن ئېلىپ نامى جاھانغا تارالدى. ئەمما بۇ قېتىم يۇقىرىقىنىڭ ئەكسى بولغان ساھە يەنى ئىسلام ساھەسىدە نام قازاندى»[3]

[1] «مەدىنىيەت» گېزىتى يۇسۇف ئىسلامنىڭ سۈرىتىنى نەشىر قىلىپ تارقاتماقچى بولۇپ، كىتابخانىلارنىڭ بىزدىن ئۇ توغرىسىدا ئوبزور يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ئېيتقان سۆزىدىن ئېلىندى.
[2] ھىجرىيە 1410 – يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تارقىتىلغان «ئۇككاز» گېزىتىنىڭ 8682 - سانىغا بېسىلغان ئۇ توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئېيتىلغان سۆزلەردىن ئېلىندى.
[3] «مەدىنە» گېزىتى، ھىجرىيە 1422 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈندىكى 13984 - سانىدىن ئېلىندى.



www.munber.org

❖ «مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپ ئۇنىڭ ھاياتى ئۆزگەردى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ساخاۋەتلىك قولىنى سۇناتتى. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا چىن ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىش جەھەتتە يورۇق مەشئەل ئىدى»[1]

❖ «ئىخلاسمەن مۇسۇلمان، ئىلگىرىكى ئەنگلىيىلىك ناخشىچى - يۇسۇف ئىسلام ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئافغانىستان توغرىسىدا ‹لائىلاھە ئىللەللاھ... ئافغانىستان....› دەپ ناخشا ئوقۇغان ۋاقتىدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تەسۋىرلىگۈسىز لەرزىگە كېلىپ قەلبىمدە ھەسرەت بىلەن مۇھەببەت ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، ئىسلامى قېرىنداشلىق روھى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىغا قاراپ يول ئالغان ئىدى»[2]

[1] «تەبلىغ» ژورنىلىنىڭ ھىجرىيە 1422 - يىلى 4 - ئايدىكى 1450 - سانىدىن ئېلىندى
[2] « ئىسلاھات» ژورنىلىنىڭ مەلۇم سانىدىن ئېلىندى.



www.munber.org



## بىز ۋە ئۇ

مەن بۇ مەزمۇندا كۆپ سۆزلىمەيمەن. پەقەت ئۆزەمنى ۋە باشقا ھەربىر ئەر - ئايال مۇسۇلماننى ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى، شەرىئەتچانلىقى، ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە ۋە بۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە چاقىرىمەن.

ھەممىمىز ياخشىلىنىش، ياخشىلاش ۋە دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا يۈرۈش قىلايلى! ئۆزىمىز ۋە مۇسۇلمان ئۇممىتىمىزگە پايدىلىقلا بولىدىكەن ئۇنى تاللىشىپ قىلايلى!

ئۆزىمىزنىڭ دىنى ئەھكاملىرىنى، دىنىدىكى ھالال - هاراملارنى، سۈننەتنى، مۇستەھەب ئىشلارنى ئىجرا قىلىشىمىز بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قانداق ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

ئۆزىمىز بىلەن ئۇنىڭ شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش ئىدىيىسىنى، ئۇنىڭ ھەتتا شۈبھىلىك ئىشلارنىمۇ كەسكىن تاشلايدىغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى (ھەتتا ئىسلام ئەللىرىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن نۇرغۇنى شەرىئەتنىڭ پەرز قىلغانلىقى شەكسىز بولغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىش ياكى شەرىئەتنىڭ ھارام قىلغانلىقى شەكسىز



www.munber.org

بولغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش جەھەتلەردىمۇ ئىككىلىنىدۇ ۋە سەل قارايدۇ)

ئۆزىمىز بىلەن ئۇنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ۋە بۇ يولدا قانچىلىك قۇربانلارنى بەرگەنلىكىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى. ھالبۇكى، ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارغۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىر قىسىم دىنى تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ئۆزىمۇ خۇددى مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ ماھىيىتىدىن يىراقلاپ نۇرغۇن دىنى ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىشقا سۇسلۇق قىلىش نەتىجىسىدە مادارى كېتىپ خورلىنىپ تاكى مەشرىقتىن مەغرىبكىچە مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى قىرىلىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۈيۈك مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالغاندەك بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ!

مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىدىن بولغان نۇرغۇن كىشىلەر يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ خەتەر ئىچىدە تۇرىۋاتقانلىقى ۋە قىرىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي خەلقنى ئۇسسۇلغا سېلىپ ئوينىتىۋاتقان ھەسرەتلىك پەيتتە، ئۆزىمىز بىلەن ئۇنىڭ تەقۋادارلىقى، ئاللاھنى رازى قىلىدىغان، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان ئىشلارغا تىرىشچانلىق كۆرستىشىدە گەۋدىلىنىدىغان ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتىكى ئىخلاسمەنلىك دەرىجىسىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

ئەپسۇسكى دۈشمەنلەر ئۇلارنى كۆزۈتۈپ تۇرىۋاتقان



www.munber.org



بولسىمۇ، ئىسلام ئۈممىتىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئويناپ تاماشا قىلىۋاتىدۇ. ئەمما قىيامەت كۈنى سوئال - سوراققا تارتىلىدۇ.

ئۇ دېگەن ياكى ئۇ توغرىسىدا دېيىلگەن مەنىلىك، تەسىرلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىمىز بىلەن ئۇنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.



www.munber.org

www.munber.org

## خاتىمە

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام پەرزەنتى بولغان قېرىنداشلىرىمىز:

ئاشۇنداق يىگانە ئۆلگىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندا، بىزنىڭ دىنى ئەھكاملىرىمىزنى قەتئىي ئىرادە بىلەن ھەقىقىي ئىجرا قىلىشقا ئاتلىنىدىغان، دىنىنى تەشۋىق قىلىش، جەمئىيەتنى ئۆگىشاش مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىمىز ۋە ئىرادىمىز بىلەن ئىشلەشكە، تىرىشىشقا ۋە جان كۆيدۈرۈشكە ئاتلىنىدىغان ۋاقتىمىز بولمىدىمۇ؟

بىز دىنىمىزنىڭ ئەھكاملىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، دىنىمىزنى، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بەلگىلىملىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداپ قېلىش جەھەتلەردە يۈسۈف ئىسلامغا ئوخشاش بولالامدۇق؟ بىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئاللاھقا ۋە ئىسلام خىزمىتىگە دەۋەت قىلىشلارنى ئەڭ مۇھىم نىشانىمىز قىلالامدۇق؟

بىز ياخشىلىق ئاتا قىلغۇچى ئۇممەتنىڭ يەنى تاللانغان سۆيۈملۈك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىنىڭ ئەنە شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



بىز ئۇلارنىڭ خەلققە ياخشىلىق ئاتا قىلالايدىغانلىقىدىن شەكلەنمەيمىز، لېكىن ئۇلار غەپلەت ئىچىدە تۇرىۋاتىدۇ، ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويىۋاتىدۇ. بۇزغۇنچىلار ۋە دىنى دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە - مىكرى ۋە ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ كېتىۋاتىدۇ.

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اسْتَجِيبُواْ لِلّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُم لِمَا يُحْيِيكُمْ وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ يَحُولُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَقَلْبِهِ وَأَنَّهُ إِلَيْهِ تُحْشَرُونَ ❖ وَاتَّقُواْ فِتْنَةً لاَّ تُصِيبَنَّ الَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنكُمْ خَآصَّةً وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾

﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان (يەنى ئەبەدى ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان) ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ) (قىيامەت كۈنى) سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا - قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[1]

[1] سۈرە ئەنفال 25 - ،24 - ئايەتلەر.

## پايدىلانغان مەنبەلەر

1. «مەدىنە» گېزىتى 1400 ــ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى 4963 ـ سان.

2. «مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇم ـ يۇسۇف ئىسلام بىلەن سۆھبەت» ـ ـ ـ لوندوندىكى «تاھا» نەشرىياتى.

3. «ئىسلام جەمئىيىتى» ژورنىلىنىڭ ئىلگىرىكى مەلۇم سانى.

4. «ئوقۇ» ژورنىلى، ھىجرىيە 1403 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، 420 ـ سان.

5. « ئۈيۈل قۇرۇلۇش» ژورنىلى، مىلادىيە 1986 ـ يىلى 5 ـ ئاي 6 ـ سان.

6. «ئوتتۇرا شەرق» گېزىتى مىلادىيە 1988 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى 3632 ـ سان.

7. «نۇر» ژورنىلى ھىجرىيە 1409 ـ يىلى شەئبان ئاي، 66 ـ سان.

8. «نۇر» ژورنىلى ھىجرىيە 1410 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئاي، 73 ـ سان.

www.munber.org





9. «ئۆككاز» گېزىتى، ھىجرىيە 1410 ـ يىلى

Cat Stevens: How I came to Islam?

After a year of financial success and “high” living, I became very ill, contracted T.B. and had to be hospitalized. It was then that I started to think: what had happened to me? Was I just a body and my goals in life were merely to satisfy physical realm? I realized that this period of gloom was a this Allah, a chance to open my eyes, why blessing given to me by the answers. At am I here? and I started looking for some of that time there was great interest in the Eastern mysticism; I reading and the first thing I began to become aware of began soul. I felt I was taking the road to was of death, and that of meditating and even bliss and high accomplishments. I started and became a vegetarian....... I started making music again this time I started reflecting my own thoughts. I remember my songs. It goes like this: 'I wish I knew, the lyrics of one of what makes the Hell, ,t wish I knew what makes the Heaven Do I get to know You in my bed or some dusty cell while others reach the big, hotel?' I also wrote another song' The out.'......... I became even more famous in way to find God because on one hand the world of music. I had a difficult time I was getting rich and famous and at on the other I eagerly searching for the Truth. Then I came to a stage where I appropriate and noble, but it did not decided that Buddhism is world, I was too help, because I was not ready to leave the attached to the world and was not prepared to become a to isolate myself from society like a hermit. monk and

At this time I did not know anything about Islam and miracle occurred. My brother had then, what I regarded as a impressed visited the mosque in Jerusalem and was greatly that while on the one hand it throbbed with life (unlike the church and synagogues which were empty), on the other

www.munber.org

hand, an atmosphere of peace and tranquility prevailes .When he came to London he brought back a translation of the Qur'an, which he gave to me He did not become a Muslim, but he felt something special in this religion, and thought I .might discover life's truth in it

And when I read the book (a guidance that would explain everything to me: who I am? What is the purpose of life? and where I ,What is the reality and what would be the reality .come from?) I realize that this is the true religion

*Advisable sites for knowing about Islam:*
www.jewstoislam.com www.todayislam.com
www.discoverislam.com
www.beconvinced.com
www.islamonline.net/english/index.shtml


*With the compliments of the communites Centers:*
(abha 07\2240038—P.O.Box 253 Abha Saudi Arabia, Gorayat 04\6424089, Jeddah 02\6730431-6829898-63695549-6656994,6200005,6778890, Algonfoda07\7321924 Riyadh01\4916065-4030251-4240077-4922422-4488905, Yonboe04\43210777, Alqaseem06\3248980—3644506, Makkah02\5346189, Madina04\8212423, Aljubeal03\3625500, Dammam03\8054445, Alkhobar03\8952444, Besha07\6222474, Taif02\7346818, Jezan07\3230010, Hael06\5310093, Tabok04\4211315)

www.munber.org





يۇسۇپ ئىسلامنىڭ ھاياتىدىكى سۈرەتلىرى




Yusufislam.org.uk
www.munber.org